تەھرىر بۆلۈمىمىز يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن شىركىتىمىزدىكى كەڭ مۇشتەرىلارغا سالام يوللايدۇ.

# جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت گېزىتى

南疆石油報

1990-يىل 29-دېكابىر (شەنبە) 294-سان

شۇ ئۇ ئا ر ئىچكى گېزىت-ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىنىش كىنىشكا نومۇرى 0034

## شىركىتىمىز پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز. 12-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىركىتىمىز تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن، ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

مۇخبىرىمىز شىركەت پىلان باشقارمىسىدىن ماۋۇلارنى ئىگىلىدى: بۇ يىللىق بۇرغىلاش مېتراجى 14 مىڭ 160 مېترگە يېتىپ، پىلان % 101.87 ئورۇندالغان؛ ئون قاتلامدا نېفىت سىنىلىپ، پىلان % 100 ئورۇندالغان؛ 120 مىڭ توققۇز توننا نېفىت ئېلىنىپ، پىلان % 100.01 ئورۇندالغان بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 126 مىڭ توننا نېفىت ئېلىش مۆلچەرلەنمەكتە؛ نېفىت ئايرىش ۋەزىپىسى 100 مىڭ 254 تونىغا يېتىپ، ۋەزىپە % 100.25 ئورۇندالغان بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 124 مىڭ تونىغا يەتكۈزۈش مۆلچەرلەنمەكتە؛ تەبىئىي گاز سانائەت مەھسۇلاتى 111 مىليون كۇب مېترگە يېتىپ، ۋەزىپە % 100 ئورۇندالغان بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 130 مىليون كۇب مېترگە يەتكۈزۈش مۆلچەرلەنمەكتە؛ ئورېنتا (لاياقەتلىك مەھسۇلات) 26-دېكابىرغىچە 50 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، پىلاندىكىدىن 10 مىڭ توننا ئاشۇرۇلۇپ، يىللىق پىلان %125 ئورۇندالغان.

يۇقىرىقىدەك ئەلا نەتىجىلەر ئالدىدا شىركىتىمىز ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باتۇرانە ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن يەنىمۇ زور نەتىجىلەر ئارقىلىق 1991-يىلنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى.

جاۋ چىڭكۈي

سادىر قادىر



◁ 12-ئاينىڭ 23-كۈنى جىددىي بىر مەيدان جاپالىق جەڭ مەركىزىگە تولغانىنىڭ ئىسسىقلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ئايلانما ئاسوسخانىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. سەككىز دانە سۇ كىرىش-قايتىش كىلاپانى، ئۈچ دانە قايتۇرماس كىلاپاننى ئالماشتۇرۇشتا قاتناشقان تۇرمۇش مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش ئەترىتىدىكى يولداشلار يۇقىرى پار بېسىمىغا قارىماي، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ۋەزىپىنى ئۇڭۇشلۇق تاماملىدى.

سۈرەتتە: ئىشچى-خىزمەتچىلەر كىلاپاننى قوراشتۇرماقتا.

رېن جۈگېنىڭ فوتوسى

## زاۋۇت رەھبەرلىرى بۇ يىلنىڭ ئاخىرقى يەكشەنبىسىنى ئىش ئورنىدا ئۆتكۈزدى

12-ئاينىڭ 23-كۈنى، نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ پارتىيە، مەمۇرىيەت رەھبەرلىرى بۇ يىلنىڭ ئاخىرقى يەكشەنبىسىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن ئىش ئورنىدا ئۆتكۈزۈپ كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. زاۋۇت رەھبەرلىرى سېخلارغا بېرىپ، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار يەنە ھەر قايسى ئىش ئورنىدىكى ئىشچىلار بىلەن بىرگە ئىشلەپ، ئۇلارنى ئەلا نەتىجىلەر ئارقىلىق يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

سادىر قادىر

## پىلان باشقارمىسى

### كېلەر يىللىق ستاتىستىكا خىزمىتىدىكى يەتتە مۇھىم نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدى

ئۆز خەۋىرىمىز. يېقىندا چاقىرىلغان شىركىتىمىزنىڭ بۇ يىللىق ستاتىستىكا خىزمىتى يىغىنىدا 1991-يىللىق مۇھىم نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار: (1) شىركىتىمىزنىڭ «8-بەشيىللىق» ستاتىستىكا خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ستاتىستىكىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش. (2) ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، يېڭى كۆرسەتكۈچلەرنى چۈشەندۈرۈش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇش. (3) ئۇنىۋېرسال ستاتىستىكا رولىنى جارى قىلدۇرۇش. (4) ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ ئاپتوماتلىشىش سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. (5) ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ يۇمشاق زاپچاسلىق رولىنى ئېچىش. (6) ستاتىستىكا سىستېمىسىنىڭ كەسپىي تەربىيىلىنىشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش. (7) دۆلەتنىڭ 2-دەرىجىلىك كارخانا ئۆلچىمىگە يېتىش نىشانى بويىچە تەييارلىق خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەشتىن ئىبارەت.



△ دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭى يىلنى ياخشى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، تەمىنلەش شىركىتى يېتەكچىلىرى ئۇلارغا بىر تۇياق كالا تەقدىم قىلدى.

رېن جۈگېنىڭ فوتوسى

## شىركىتىمىزدە ئۈسكۈنىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئەلالىرىنى باھالاش بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز. شىركەتنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 12-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ، شىركىتىمىزگە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇن ۋە ئورگاننىڭ ئالاقىدار باشقارما-ئىشخانىلىرى، بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارغا قارىتا ئۈسكۈنە باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئەلالىرىنى باھالاش بويىچە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەق مەيدانغا بېرىش، ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش، ماتېرىيال ئىگىلەش قاتارلىق ئۈچ گۇرۇپپا بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، نەق مەيداندىلا باھالاپ نومۇر قويۇلدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى يولداشلار قاتتىق سوغۇققا قارىماي ھەر قايسى ئورۇنلاردا ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

بۇ بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

ياسىن ئىنايەت

### قىسقا خەۋەر

نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز سېخى 12-ئاينىڭ 24-كۈنى «سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى»نى ئۆگىنىش بويىچە ئۇدۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

سادىر قادىر

## ھەپتىلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىسى

**2-قانالدا:**

30-دېكابىر (يەكشەنبە) چۈشتە: كىنو «يېتىم قىز»، كەچتە: تەرجىمە فىلىم «قاتىلنى قوغلاپ زەربە بېرىش»

31-دېكابىر (دۈشەنبە) «شاد-خۇراملىققا چۆمگەن قۇربان ھېيت»

1-يانۋار (سەيشەنبە) چۈشتە: كىنو «ھۆكۈمرانىنىڭ ھۆكۈمرانى»، كەچتە: ئۈچ قىسىملىق تې ۋې تىياتىرى: «ئۆگۈنكى قوياش»

2-يانۋار (چارشەنبە) دراما «كۈتۈلمىگەن توي»

3-يانۋار (پەيشەنبە) كىنو «شىددەتلىك بوران-چاپقۇن»

4-يانۋار (جۈمە) كىنو «ئۆلۈپ تىرىلىش»

5-يانۋار (شەنبە) «يىپەك يولىدىكى نورۇز كۈيى»

**11-قانالدا:**

30-دېكابىر (يەكشەنبە) چۈشتە: ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى، كەچتە: تې ۋې تىياتىرى «X قۇرۇلۇشى»

31-دېكابىر (دۈشەنبە) مەركىزىي تې ۋې ئىستانسىسىنىڭ يېڭى يىل بايرىمى ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى نومۇرلىرى

1-يانۋار (سەيشەنبە) چۈشتە: ئۆسمۈرلەر پروگراممىلىرى، كەچتە: كۆپ قىسىملىق تې ۋې تىياتىرى «ئەر-ئايال سوناتاسى» (1—5)

2-يانۋار (چارشەنبە) «ئەر-ئايال سوناتاسى» (6—10)

3-يانۋار (پەيشەنبە) تې ۋې تىياتىرى «بۇ پادىشاھلىقتا»

4-يانۋار (جۈمە)

